# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

بۇ كىتابقا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى»نىڭ تولۇق تېكىستى ۋە خەلق گېزىتى باش ماقالىسى قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى.

# «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى» ئۈچۈن شىنجاڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئومۇمىي يىغىندا دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى كۆپ تەرەپلەردە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە، دەپ تەكىتلەندى. بۇ ئەۋزەللىكلەر پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش دۆلەتنىڭ باشتىن ـ ئاخىر سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى روشەن ئەۋزەللىك قاتارلىق 13 تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى توغرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئىلمىي، سىستېمىلىق، ئوبيېكتىپ بولغان ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسە، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق ئېچىپ بەردى، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشىمىزنىڭ تۈپ ئاساسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ‹شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق ـ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش›نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ھېبى سالام مۇنداق دېدى: «بىز ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكلىرىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك».

ئومۇمىي يىغىندا: خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى مايىنۇر ئۆمەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشىدىكى ئاچقۇچ ـــ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، تۈزۈم سىستېمىسى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىدا. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، چوقۇم ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن سۆزلەپ، تەرەققىيات ئۈچۈن چارە كۆرسىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ مۇھىم يولى ۋە مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم يوللارنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى زوۋ يەنفېڭ مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاڭلىق ھالدا ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىنى ياخشى داۋاملاشتۇرىمەن، ياخشى مۇكەممەللەشتۈرىمەن.

**■ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش  ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش**

100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقاندا، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق مۇساپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا، جەزمەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتتا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شياۋلېي مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى، ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رايون باشلىقى لى خېزۇ مۇنداق بىلدۈردى: تەرەققىيات رايونى ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان ـ ۋەزىپىلەر بويىچە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىم، زور تارىخىي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق، تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتىنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى قاتارلىقلارنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

«بۇ بىر قانچە يىلدا، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلىشىغا، مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنىڭ ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونى بىر سەكرەپلا شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئالتۇن نام كارتىسىغا ئايلاندى، بۇ بىزنىڭ غەيرىتىمىزنى بارغانسېرى ئاشۇردى.» ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى چوڭ بازار تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى چوڭ بازار مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بەي يۈنجيەن مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلامدا كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھەللىنى ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىمىز».

**■ ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش  تۈزۈمنىڭ ئۈنۈم ئېففېكتىنى قوزغىتىش**

تۈزۈمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىجرا قىلىشتا. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىلار مۇنداق بىلدۈردى: تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، تۈزۈمنى جايىدا ئىجرا قىلىپ، سىياسەتنى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغىتىش كېرەك.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ياۋ شىنچياڭ مۇنداق دېدى: ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى چوقۇم ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، ساياھەت، تەرەققىيات تەپەككۇرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كەسىپ تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئومۇمىي يىغىندا: ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قورغاس شەھىرى قارا سۇ كوچا باشقارمىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جوۋ خۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كوچا باشقارمىسى ئائىلىلەرگە قارىتا «360 گرادۇس»لۇق مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى يولغا قويۇپ، شەخس، ئائىلە جەملىمە نومۇرنى رەتكە تۇرغۇزۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئائىلىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئېڭىنى قوزغاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق خىزمەت ئەمەلىيىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشتىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىپ، كوچا باشقارمىسىنى تېخىمۇ گۈزەل، ئىناق قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن.

«كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمگە ئايلاندۇرىمەن.» قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزىسى مېيى كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى مۇساجان نۇرۇللا مۇنداق دېدى: «مەن باشتىن ـ ئاخىر ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيمەن».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، پەن خۇڭبى، شيې خۇيبىيەن، جەزىرە نېسىپبېك، جاۋ چۈنخۇا، ما يىنىڭ، لياڭ لىخۇا، يۈ شى، تاڭ كەندۇڭ، خې لىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ يىنبو يازغان)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئالاھىدە رايوننىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى: فۇ يۇڭيۇۋ



فۇ يۇڭيۇۋنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجۇ، 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شيۇڭيىڭ، ماۋ شىن)** 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى رەسمىي قۇرۇلدى، ئالاھىدە رايوندىكى ئېگىز بىنالار بىلەن ماس قەدەمدە ياسالغان ئاشۇ ئالاھىدە رايوننى چۆرىدىگەن سىم توسۇق «ئىككىنچى سەپ» دەپ ئاتالدى. «ئىككىنچى سەپ» قۇرۇلۇشىغا سابىق گۇاڭدۇڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى 7 ـ تارماق ئەترىتىدىكى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ياشلىق باھارى، تەرى ۋە ئىسسىق قېنى سىڭگەن بولۇپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن باشتىن ـ ئاخىر مېھرىنى ئۈزەلمەي كەلدى، تېخىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى بۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي قۇربان ـــ «ئالاھىدە رايوننىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى» فۇ يۇڭيۇۋ ئىدى.

فۇ يۇڭيۇۋ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭجياڭ لىزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىن، 1971 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، سابىق گۇاڭدۇڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ 7 ـ تارماق ئەترىتى 4 ـ چوڭ ئەترەت 20 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى.

1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سائەت 19دا، 20 ـ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ جەڭچىسى فۇ يۇڭيۇۋ بىلەن شۇ جيەنخۇا دەل ۋاقتىدا ئالاھىدە رايون باشقۇرۇش لىنىيەسىدىكى بىر تېرىقچىلىق قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ چارلىغان. ئۇلار يېقىنلا يەردە تۆت ئادەمنىڭ ئورمانلىقتىن چىقىپ، تىمىسقىلىغىنىچە سىم توسۇققا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرگەن. فۇ يۇڭيۇۋ بىلەن شۇ جيەنخۇا دەرھال ھوشيارلىق بىلەن سىم توسۇققا 15 مېتىر كېلىدىغان دەرەخ ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولغان. بىر ئازدىن كېيىن، تۆت ئادەمنىڭ ئىككىسى سىم توسۇقتىن يامىشىپ ئۆتكەن، فۇ يۇڭيۇۋ بىلەن شۇ جيەنخۇا ئېتىلىپ بېرىپ بىردىن قارا نىيەتنى تۇتۇۋالغان. سىم توسۇق سىرتىدىكى ئىككى ئادەم شېرىكلىرىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ھىيلىگەرلىك بىلەن يوشۇرۇنۇۋېلىپ پۇرسەت كۈتۈپ ھەرىكەت قىلماقچى بولغان. فۇ يۇڭيۇۋ شۇ جيەنخۇاغا مۇنداق دېگەن: «سەن ئاۋۋال بۇ ئىككى قارا نىيەتنى يالاپ ئاپىرىپ قوي، مەن قېلىپ قاراۋۇللۇق قىلاي.» شۇ جيەنخۇا كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر قانۇنسىز ئۇنسۇر پۇرسەت كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سىم توسۇقتىن ئۆتۈپ ئالاھىدە رايونغا بۆسۈپ كىرگەن. بىر چەتتە يوشۇرۇنۇپ ياتقان فۇ يۇڭيۇۋ ئېتىلىپ چىققان، قارا نىيەت جېنىنىڭ بارىچە قاچقان، فۇ يۇڭيۇۋ قوغلىغان، 20 مېتىرچە قوغلىغاندىن كېيىن، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ كەتكەن قۇرۇپ كەتكەن ئېرىقتىن ئۆتكەندە، فۇ يۇڭيۇۋ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ قارا نىيەتنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان. ئېلىشىش جەريانىدا، ياۋۇز قارا نىيەتنىڭ ئىككى كۆزى قانغا تولۇپ، يېنىدىكى ئۆزى ياسىۋالغان تاپانچىنى چىقىرىپ، بۇرۇلۇپ فۇ يۇڭيۇۋنىڭ بېشىغا قارىتىپ تەپكىنى باسقان...

سەپداشلىرى ئەتىسى سەھەر سائەت 5تە فۇ يۇڭيۇۋنى تاپقاندا، ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى ئېقىپ تۈگىگەنىدى. 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى فۇ يۇڭيۇۋغا تولۇقلاپ 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازغان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان، شېنجېن شەھەرلىك ھۆكۈمەت فۇ يۇڭيۇۋغا «ئالاھىدە رايوننىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بەرگەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شېنجېن ئىلگىرىكى بىر چېگرا كىچىك بازىرىدىن زامانىۋىلاشقان چوڭ شەھەرگە ئايلىنىپ، دۇنيانىڭ سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات تارىخىدا مۆجىزە ياراتتى.

# 29 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلۈك تاراتقۇلاردىن كەلگەن 346 پارچە ئەسەر جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالاھىدە مۇكاپات بەش، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 60 (ئاخبارات داڭلىق مەخسۇس ئىستونىدىن ئونى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 108، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 173.

خەلق گېزىتىدىكى رېن جۇڭپىڭنىڭ ماقالىسى «تارىخنى ياراتقان ئۇلۇغ ئۆزگىرىش ـــ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش (1)»، شىنخۇا ئاگېنتلىقى يېڭى تاراتقۇ ئىجادىيەت ھەمتۈركە ئەسىرى «ئاتا . بىز . دەۋر»، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە مەخسۇس خەۋىرى «مۇقەررەر يول»، رادىيو چاتما خەۋىرى «گۇۋاھ بولۇش» قاتارلىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەردە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن 40 يىلدىكى ئۇلۇغۋار، شانلىق ئۆزگىرىش مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن ۋە نامايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا ھەم يۇقىرى يۈكسەكلىككە ئىگە، ئەستايىدىل داۋلى سۆزلەنگەن، قەلىمى كۈچلۈك ئوبزور ماقالىلەر بار، ھەم ھېسسىياتقا تويۇنغان، ماھىيەتلىك مەزمۇنى چوڭقۇر، كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان چوڭقۇرلاپ يېزىلغان خەۋەرلەر بار، يەنە يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەنگەن ئىسلاھاتتا كۆرەش قىلغۇچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن يۇغۇرما تاراتقۇ نادىر ئەسەرلىرىمۇ بار، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن 40 يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر رەڭدار خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، تاراتقۇلار يۇغۇرما، چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلدىكى ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنىڭ مۇھىم، زور باش تېما خەۋەرلىرى جەھەتتىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ، بۇلار يېڭى دەۋردىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە قايتا ئاتلىنىپ، قايتا كۆرەش قىلىشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچنى مۇجەسسەملىگەن.

تيەنجىن جىنيۈن يېڭى تاراتقۇ گۇرۇھىنىڭ قىسقا سىن خەۋىرى «ساۋزى شۇجى»، جېجياڭ زەيشەن تورىنىڭ مەخسۇس خەۋىرى «بىر پارچە يوپۇرماقنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە كىچىك نۇقتىدىن قول سېلىنىپ، دىققەت چوڭ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىش يولىدىكى تېپىك شەخس ۋە تېپىك تەجرىبىلەر تولۇق قېزىلىپ، ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ھارارىتى، چوڭقۇرلۇقى نامايان قىلىنغان. بېيجىڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاخبارات داڭلىق مەخسۇس ئىستونى «ئاخبارات قىزىق لىنىيەسى»، شەندۇڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە ئوبزورى «قاچان ‹سۇمۇرغ ئۇۋىسىغا قايتىدۇ›؟» قاتارلىق ئەسەرلەردە مەسىلە يۆنىلىش قىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى نۇقتا قىلىنىپ، ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكى ئارقىلىق تاراتقۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىپ، دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇنغان. ئىقتىساد گېزىتىنىڭ ئوبزورى «‹خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەيداندىن ئايرىلىش نەزەرىيەسى›گە ئوخشاش مۇشۇنداق كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان غەلىتە سەپسەتىلەردىن يۈكسەك ھوشيار بولۇش كېرەك ـــ ‹ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك›تىن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېغىپ كېتىشكە بولمايدۇ»، سىچۈەن رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رادىيو مەخسۇس خەۋىرى «ئۆيگە قايتىش» قاتارلىق ئەسەرلەردە پۇقراۋى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ئىنكاس قايتۇرۇلۇپ، ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنىڭ ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىدىكى مەسئۇلىيىتى زىممىسىگە ئالغانلىقى نامايان قىلىنغان. خۇنەن رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يۇغۇرما ئىجادىيەت ئەسىرى «مېنىڭ ياشلىق باھارىم يىپەك يولىدا»، فۇجيەن گېزىتىنىڭ خەۋىرى «23 يىلدا ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، فۇجيەن جىنجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى جىنمېنغا باشلاش»، ئەنخۇي گېزىتىنىڭ ئاخبارات فوتو ئەسىرى «يورۇقلۇق يەتكۈزۈش» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دىققەت «بىر بەلباغ، بىر يول»، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قاتارلىق مۇھىم، زور باش تېمىلارغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنىڭ تارقىتىش كۈچى، يېتەكلەش كۈچى، تەسىر كۈچى، ئاممىۋى ئىشەنچ كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيەت ھېسابلىنىدۇ، بۇلار جەمئىيەتتىكى ئاكتىپ كۈچنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىغان.

جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى يېقىندا 29 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى تارقىتىش دوكلاتى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاھىدە مۇكاپات، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

(جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتى)غا ئېرىشتى؛ خەۋەر «شىنجاڭدىكى ئەڭ ئۇزۇن تۆمۈريول كۆۋرۈكى تۇتاشتۇرۇلدى تېتىما كۆلىدىكى ئالاھىدە زور كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا كۆل رايونىدا ئازراقمۇ ئەخلەت قالدۇرۇلمىدى»، تەپسىلىي خەۋەر «يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى»، چاتما خەۋەر «يېڭى كەيپىيات ئەۋج ئالماقتا جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆزگەرمەكتە» بىردەك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)